# چەكسىز ئورمانلىق ــ بىر بايلىق

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەبىئىي ئورمانلارنى پەرۋىش قىلىش ـ قوغداش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىكى كۈچلۈك تۈتقا.

1998 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويدى. «2000 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونىدىكى ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ھەر يىلىدىكى 280 مىڭ كۇب مېتىردىن زور دەرىجىدە تەڭشەپ 80 مىڭ كۇب مېتىرغا ئازايتتى، 2005 ـ يىلى يەنە تەبىئىي ئورماننى تاۋار خاراكتېرلىك كېسىشنى ئومۇميۈزلۈك توختاتتى، بارلىق ئورمانچىلىق مەيدانى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى دەرەخ كەسكۈچىلەردىن ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئايلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي ئورماننى قوغداش مەركىزى (ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باغچىسىنى باشقۇرۇش مەركىزى)نىڭ مۇدىرى ساۋ دىڭگۈي مۇنداق دېدى: تەبىئىي ئورماننى تاۋار خاراكتېرلىك كېسىش ئۇدا 16 يىل توختىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەبىئىي ئورماننى ئومۇميۈزلۈك قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئىگىلىنىشچە، تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي ئەسلىگە كېلىش بىلەن سۈنئىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شالاڭ، چېكىنگەن تەبىئىي ئورمانلارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز سۈنئىي ئۇسۇلدا تېزلىتىش، تەبىئىي يېڭىلىنىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئورماننىڭ توغرا يۆنىلىشتە ئالمىشىشىنى تېزلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي ئىككىلەمچى ئورمان، چېكىنگەن ئىككىلەمچى ئورمان قاتارلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى مۇئەييەن ئىقتىدار سەۋىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاخىردا ئۆزلۈكىدىن داۋاملىشىش ھالىتىگە يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەبىئىي ئورمان، ياش ئورمانلارنى پەرۋىش قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ رىقابەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، بەلباغ خاراكتېرلىك ئالىي دەرىجىلىك تۈركۈمنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە تەبىئىي ئورماننى پەرۋىش قىلىش ـ قوغداش پونكىت نۇقتىلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتتى؛ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا جابدۇقلىرىنى كىرگۈزۈپ پەرۋىش قىلىش ـ قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىيانلىق جانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتتى... 22 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. ساۋ دىڭگۈي مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئورماننى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى، تېخىمۇ مۇھىمى تەبىئىي ئورماننى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنچىللاشتۇرۇش يولىغا كىرگۈزۈپ، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈردى.

## ياۋايى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ «ئېكولوگىيەلىك ماكانى»

«تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ، 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئورمان بايلىقى ئارام ئېلىپ ئەسلىگە كەلدى، بايلىق ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئاشتى. ئورمان بايلىقىنىڭ سۈپىتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئورمان تۈركۈمىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.» ساۋ دىڭگۈي مۇنداق دېدى: 22 يىلدىن بۇيان، تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلۇپ، جەمئىي 5 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئورمان كۆلىمى، زاپىسى ۋە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىدىن ئىبارەت ئۈچتە ئېشىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان كۆلىمى 120 مىليون موغا يېتىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4.87 بولغان.

تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىدا تەبىئىي ئورمان بايلىقى قوغدىلىپلا قالماستىن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىمۇ قوغدالدى. چېگرا رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئېكولوگىيە كارىدورى بەرپا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ھەرىكەت پىلانى يولغا قويۇلۇپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش تورى بەرپا قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزدا جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشتا دەسلەپكى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى مۇقىم ئاشتى.

ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى سۇپىسىدىكى بىر بۆلەك سىن كۆرۈنۈشى مۇخبىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى: يىراقتا قارىغايلار تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بۇغىلار ئوتلاقتا بەخىرامان يۈرەتتى؛ تاغ ئۆچكىلىرى تەبىئەت ئاتا قىلغان بولۇق ئوت ـ چۆپلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى؛ سۆسۈن بۇلغۇن تاغدا تاشتىن تاشقا سەكرىشەتتى؛ قوڭغۇر ئېيىق بولسا يۇپيۇمىلاق بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا تولغاپ، كۆز ئالدىدىكى دەرەخنى تەپسىلىي كۆزىتىۋاتاتتى...

بۇ، شىنجاڭ ئالتاي تېغى دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى يەتتە ياۋايى ھايۋانلارنى تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا ئورناتقان يىراق ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېلېكامېرا ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىنغان ھايۋانات دۇنياسى. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان جەمئىي 17 خىل ھايۋان سۈرەتكە ئېلىنغان بولۇپ، ياۋا چوشقا، يىلپىز، بۆرە، قۇندۇز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىگىلىنىشچە، تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئالتاي تېغى جۇڭغاردىكى مۇھىم ھايۋانات، ئۆسۈملۈك گېن ئامبىرىغا، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ «ئېكولوگىيەلىك ماكانى»غا ئايلانغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش «ئېكولوگىيەلىك ماكان» ئاپتونوم رايونىمىزدا بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. «جۇڭغاردىكى ئەڭ گۈزەل ئورمان» بولۇپ باھالانغان غەربىي تيانشان ئورمان رايونى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر يەنە تيانشان تاغ جانلىقلىرى تۈرى گېن ئامبىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شىنجاڭ غەربىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۇ جياجۈن مۇنداق دېدى: تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، غەربىي تيانشان ئورمان رايونىنىڭ ئورمان بايلىقىدا سىجىل ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئورمان يېرى كۆلىمى %138.7 كۆپەيدى؛ ئورمان زاپىسى %30.7 كۆپەيدى؛ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %17.4تىن %21.43كە ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرىمۇ 363 خىلدىن 453 خىلغا كۆپەيدى. ئورمان ئېكولوگىيەسى ئەسلىگە كېلىش، ياخشىلىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى، ئورمان بايلىقى مۇقىم ئېشىش مەزگىلىگە كىردى.

## تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش

ئادەملەر يېشىل تاغلارغا يۈز كېلەلىسە، يېشىل تاغلارمۇ ئادەمنى چوقۇم نائۈمىد قويمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ياخشى ئېكولوگىيەلىك سىستېما ۋە مول ئورمان بايلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى يېشىل ئېكولوگىيەلىك توسۇققا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

قىش پەسلىدىكى قاناسنىڭ گۈزەللىكى ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى. «بۇ قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان قاناس مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.» 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شەندۇڭلۇق ساياھەتچى فۇ چۈنپىڭ قاناسقا تۇنجى قېتىم كەلدى، ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى قاناس سەپىرىم مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەنى قوغداش بىلەن ئېكولوگىيە ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش تەرەققىيات پىكىر يولىغا ئەمەل قىلىپ، ئېكولوگىيە ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، نۆۋەتتە شىمالىي شىنجاڭدا بوغدا كۆلى، شىخو فوشەن، جامبۇلاق، قاناس، نارات، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۇنەس، مارالبېشىدىكى توغراقلىق، پوسكام ئالتۇن توغراقلىقى قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىلىرىنى باشلامچى قىلغان، ئاپتونوم رايون ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورمان باغچىلىرىنى قوشۇمچە قىلغان ساياھەت يېڭى ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، شىنجاڭدىكى 40 نەچچە ناھىيە، شەھەرگە تەسىر كۆرسەتتى.

ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتىمۇ ئۈزلۈكسىز بېيىماقتا. ئالتاي شەھىرى قىران دەرياسى جىلغىسى ئورمان كۈتۈنۈش بازىسى ۋە گۇچۇڭ جامبۇلاق دۆلەت ئورمان باغچىسىغا دۆلەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئورمان ساغلاملىق كۈتۈنۈش بازىسى دەپ نام بېرىلدى، شىخو فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى قاتارلىق سەككىز ئورۇن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئورمان ساغلاملىق كۈتۈنۈش بازىسى سىناق نۇقتا قۇرۇلۇشى ئورنى بولۇپ تەستىقلاندى.

شىنجاڭ شەرقىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇچۇڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى خەن جيەنشىن مۇنداق دېدى: جامبۇلاق مەنزىرە رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %42.6 بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەنزىرە رايونىغا ساياھەتكە كەلگۈچىلەر يىلىغا 300 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. ياخشى ئورمان ئېكولوگىيە مۇھىتىغا كەسىپلەشكەن ساغلاملىق كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ۋە خاسلىققا ئىگە ساياھەت مۇلازىمىتى قوشۇلسا، چوقۇم تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

قوغداش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەڭ كۈچ چىقىرىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە بايلىقى ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى، چەكسىز ئورمانلىق ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە «بايلىق»قا ئايلانماقتا.

# ئاقدالا بازىرىدىكىلەرنىڭ يېڭى تۇرمۇشى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاقدالا بازىرى تىنچلىق مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى دۈكەي قايىبار كالا ـ قوي قوتىنى تەرەپكە مېڭىپ بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقنى باشلىدى. ھازىر ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى دۈكەينى بىنا ئۆيدە ئولتۇرىدىغان «زامانىۋى چارۋىچى» دېيىشىدۇ.

50 ياشلىق دۈكەي ئىلگىرى چىڭگىل ناھىيەسى سار توقاي يېزىسى قارا شورا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئائىلىسىدە تۆت جان بار، ئۇنىڭ ئائىلىسى 2014 ـ يىلى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2016 ـ يىلى، دۈكەينىڭ ئائىلىسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان ئاقدالا بازىرىغا كۆچۈرۈلۈپ، 76 كىۋادرات مېتىرلىق خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق يېڭى بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ئۇنىڭغا يەنە 40 مو يەر ۋە 200 كىۋادرات مېتىرلىق مال باقمىچىلىق قوتىنى تەقسىم قىلىندى.

ئاقدالا بازىرى 36 ئاھالىنىڭ باقمىچىلىق قوتىنىنى ئالتە باقمىچىلىق كىچىك رايونى قىلىپ پىلانلاپ، يەم ـ خەشەك ئامبىرى، دورىلىق يۇيۇش كۆلچىكى قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى ماس قەدەمدە قۇردى، مەھەللىنى بىرلىك قىلىپ باقمىچىلىق كىچىك رايونىنى تەقسىملەش، مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، چارۋا باقمىچىلىقى جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار نامراتلىقتىن قۇتۇلغان 235 ئاھالىنى پاي قوشۇپ ئىشلەشكە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشتا «قانات»قا ئىگە قىلدى.

باقمىچىلىق بويىچە تەربىيەلەش ئارقىلىق ماھارەتكە ئېرىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان دۈكەي مۇنداق دېدى: «ھازىر مەن 30 كالا ۋە 20 قوي بېقىۋاتىمەن، ھەر كۈنى سۈت ساتىمەن، بۇنىڭغا كالا ـ قويلارنى سېتىپ قىلغان كىرىمنى قوشقاندا، ھەر يىلى باقمىچىلىقتىنلا 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرنى ھۆددىگە بەرگەن 13 مىڭ 800 يۈەن كىرىمىم بار».

كەنت ئاھالىسى باقتىگۈل مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، ئۆيى شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، يۇقراۋى قونالغۇ ئاچتى. ھەر قېتىملىق شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىش ئىمتىھانى باشلانغان كۈنى، باقتىگۈل خاقان ئائىلىسىنىڭ يۇقراۋى قونالغۇسى مېھمانلار بىلەن لىق تولىدۇ. باقتىگۈلنىڭ يۇقراۋى قونالغۇسىدا جەمئىي 11 كارىۋات بار، پاكىز ۋە رەتلىك بولغاچقا، مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا باقتىگۈل يەنە قازاق مىللىتىنىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ ساتىدۇ.

«بىز كۆپچىلىكنى يۇقراۋى قونالغۇ ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، خاس دېھقانلار ئارامگاھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى ئاقدالا بازىرى تىنچلىق مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئاينۇر قادىلقان.

ئاقدالا بازىرىدا زامانىۋى باقمىچىلىق، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 2016 ـ يىلىدىكى 4220 يۈەندىن 2020 ـ يىلىدىكى 11 مىڭ 800 يۈەنگە ئاشۇرۇپ، ئۈمىدكە تولغان زامانىۋى تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

# شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ ئاقىل مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۆستى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ساياھەتچىلەر ئېقىمى، ساياھەتچىلەر سانى ھەمدە توردا باھالاش، ئەرز قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ كۆرگىلى بولىدۇ.

ھازىر، شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى ساياھەتكە ئالاقىدار تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى توپلاش مەركىزىگە ئايلاندى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ساياھەتكە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلىرى، قاتناش ـ ترانسپورت، ھاۋا رايى، مۇھىت قوغداش قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي مەيدان ـ ساراي ئۇچۇرلىرى، ساياھەت ئۆمەكلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى، ئەرز سانلىق مەلۇماتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلىنىدۇ، كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىنغان سانلىق مەلۇمات مىقدارى 55 مىليونغا يېتىپ، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۈچلۈك سانلىق مەلۇمات تىرەكى بىلەن تەمىنلەيدۇ. چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى يەنە ئۆلچەملەشكەن سانلىق مەلۇمات ئۇلاش ئېغىزى قالدۇرغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت باشقۇرۇش سۇپىسى زور سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىغا تايىنىپ ساياھەت كەسپىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى، ئاممىۋى پىكىرنى باشقۇرۇش سىستېمىسى، ساياھەت كەسپىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى، ساياھەت ئەرزلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قاتارلىق ئون فۇنكسىيەلىك بۆلەك قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 4A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرى، ئىشىك بېلىتى ئىشلىرى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ۋە S دەرىجىلىك قار تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلارنىڭ نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەدرىجىي ئۇلاپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى، بولۇپمۇ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى مەنزىرە رايونلىرىنى باشقۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى سانلىق مەلۇمات تىرەكى ۋە تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە ئاقىللاشقان نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى دۆلەتنىڭ ئون تارمىقى بىرلىشىپ تارقاتقان «‹ئالاقە تورى+ساياھەت›نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالاقە تورى+ساياھەت» تەرەققىيات مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئاقىل ساياھەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئالاقە توردىن پايدىلىنىش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاقىل ساياھەت مەنزىرە رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىش، ساياھەت ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، توردىكى ساياھەت تىجارەت ـ سودا سالمىقىنى زورايتىش، ساياھەتچىلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش، ساياھەتچىلىكنى تۈزەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ساياھەتچىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە مەدەت بېرىش، ساياھەت سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇلۇك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تارىخىي مەدەنىيەتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، شەھەر قىياپىتىنى يارىتىپ، شەھەر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بىخەتەر، ساغلام، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، باشقۇرۇشى تەرتىپلىك بولغان مۇكەممەل تۇرالغۇ مەھەللىلىرىنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ناھىيە بازىرى ھەم چېگرا بويىدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى نۇقتىلىق تولۇقلاپ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ شەھەرمۇرىيىتى ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ بۇلۇت شەھەر قۇرۇپ، شەھەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، زەي چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ناھىيەلەرنىڭ نۇقتىلىق بازار قۇرۇلۇشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان گۈزەل ئۆلگىلىك كەنت بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىدۇ. يېشىل دېھقان ئۆيلىرىنى سېلىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاممىنىڭ بىخەتەر تۇرالغۇ كاپالىتى مېخانىزمىنى ئورنىتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شامال ئېلېكتر تۈرىنى چىڭ تۇتۇپ قۇرۇپ، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا تورلاشتۇرۇپ توك تارقاتتۇق. 4 ـ قارارلىق تۈر پۈتكەندىن كېيىن يىللىق توردىكى توك مىقدارى تەخمىنەن 510 مىليون كىلوۋات سائەت بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىدە يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنى تېزدىن زورايتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، يېڭى ئېنېرگىيە كارخانىلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىلىق. گورۇھ شىركەت دۆلەت شامال، يورۇقلۇق ئېلېكتر ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى يېڭى ئېنېرگىيە بازىرى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى. نۆۋەتتە بىز يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە بىڭتۈەن بىلەن كۆپ تۈردە قۇرۇلۇش ھەمكارلىق مۇددىئاسى ھاسىل قىلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا، شىركەتتىكى خادىملارنى يېتەكلەپ، 1 مىليون كىلوۋاتتىن يۇقىرى يېڭى ئېنېرگىيە تۈرى گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى قۇراشتۇرۇشنى تاماملاشقا ئىشەنچىم بار.

**(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ يۆ رەتلىگەن)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)